# بىر ئوت ھىجاز زېمىنىدىن كۆتىرىلىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرى يورۇيدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرمىگۈچىلىك قىيامەت بولمايدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئوت ھىجاز زېمىنىدىن كۆتىرىلىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرى يورۇيدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرمىگۈچىلىك قىيامەت بولمايدۇ»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مەككە، مەدىنە ۋە ئەتراپلىرىدىن بىر ئوت كۆتۈرۈلۈپ، شامنىڭ بۇسرا شەھىرىدىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرى يۇرۇيدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرمىگۈچىلىك قىيامەت بولمايدۇ. ھەقىقەتتە ھىجرىيە 654-يىلى مەدىنىنىڭ شەرىق تەرىپىدىكى ھەررە دېگەن جايدىن بىر زور ئوت كۆتۈرۈلگەن، بۇ ۋەقەلىك پۈتكۈل شام ئەھلىگە ۋە باشقا شەھەردىكىلەرگە مەشھۇر بولغان، ئۇنى كىيىنكى ئەسىردىكى نەۋەۋى، قۇرتۇبى ۋە ئەبى شامە قاتارلىقلار ئۆز كىتاپلىرىدا تىلغا ئالغان



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee